## 82857 ـ لائىلە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ نى ئېيتىش جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن يېتەرلىكمۇ؟

### سۇئال

سوئال: مەلۇم بىر ئائىلە كىشىلىرىلائىلە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھنى ئېيتىش دىنغا ئىتىقاد قىلىشقا يېتەرلىك دىگەن كۆز قاراشتا بۇلارنىڭ ئىتىقادى توغرىمۇ ۋە جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن يېتەرلىكمۇ؟

### تەپسىلى جاۋاپ

ئىسلام بۇ ئىككى شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىشلا ئەمەس. بەلكى بۇ ئىككى شاھادەتنىڭ شەرتلىرىنى ئورۇنلاش لازىم. شۇ ۋاقىتتىلا ئۇنى ئېيتقان ئادەم ھەقىقىي مۇسۇلمان بولىدۇ. ئىسلامنىڭ پىرىنسىپى ـ ئېتىقاد، شاھادەت ئېيتىش ۋە ئەمەل قىلىشتۇر. ئۇبباد ئىبنى سامىتتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: كىمكى ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ۋە بەندىسى، ئىسا ئەلەيھىسسالاممۇ ئاللاھنىڭ بەندىسى، بەندىسىنىڭ باللىسى، مەريەمگە تاشلىغان كەلىمىسى ۋە ئۇنىڭ تەرپىدىن پۈۋلەنگەن روھ ، جەننەت ھەق، دۇزاخمۇ ھەق، دەيدىكەن، ئاللاھ ئۇكىشىنى سەككىز جەننەتنىڭ قايسى ئىشىكىدىن كىرىشنى خالىسا شۇ ئىشىكتىن كىرگۈزىدۇ.

ئىمام ئابدۇلۋەھھاب مۇنداق دىگەن:پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىمكى ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق..دىگەن سۆزى بۇ كەلىمىنىڭ مەنىسىنى بىلىپ، مەزمۇنىغا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن پۈتۈن ھاللىرىدا تولۇق ئەمەل قىلغان ھالدا ئېيتسا دىگەنلىكتۇر. ئىككى شاھادەت ئۈچۈن ئىلىم، ئىشەنچ ۋە ئەمەل شەرت قىلىنىدۇ. شۇڭا ئاللاھ: بىلگىنكى، ئۇ ئاللاھتىن باشقا ئىلاھى مەبۇد يوقتۇردىگەن. ئەمما بۇ ئىككى شاھادەتنى مەنىسىنى بىلمەي، مەزمۇنىغا ئىشەنمەي ياكى ئۇنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئىش كۆرمەي ئاغزاكى ئېيتىش پايدا بەرمەيدۇ.

قۇرتۇبىي مۇسلىم ھەدىسلىرىغا چۈشەنچەدىگەن كىتابىدا، ئىككى شاھادەتنىلا ئېيتىش كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى قەلبتىن چىن ئىشىنىش شەرت دەپ مەخسۇس باب توختىتىپ مۇنداق دىگەن: بۇئىككى شاھادەتنىلا ئېيتىش كۇپايە دەيدىغان مەزھەبنىڭ خاتالىقىنى ئەسكەرتىش ئۈچۈن تۇرغۇزۇلغان باب بولۇپ، بۇ بابنىڭ ھەدىسلىرى بۇ مەزھەبنىڭ ئازغۇنلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى ئۇ مۇناپىقنىڭ ئىمانىنى قوبۇل قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇ توغرا ئەمەس. مۇناپىقلار كاپىرلاردۇر. يۇقىرىقى ھەدىس ئىككى شاھادەتنىڭ بىلىش، چىن ئىشىنىش ۋە ھەقىقىي ئىخلاس بىلەن مۇجەسسەملەنگەن بولىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. (فەتھۇلمەجىد 36– بەت).

ئاللاھتىن باشقا ئىلاھي مەبۇد بەرھەق يوق دىگەن شاھادەت كەلىمىسىنىڭ قوبۇل بولىشى ئۈچۈن يەتتە شەرت بار. بۇ شەرتلىرى تولۇق بولمىغان شاھادەت پايدا بەرمەيدۇ. ئۇلار مۇنداق:

1 ـ بۇ شاھادەتنىڭ مەنىسىنى تولۇق بىلىش.

2– شەكسىز ئىشىنىش.

3 ـ چىن يۈرەك بىلەن قوبۇل قىلىش.

4 ـ مەزمۇنىغا تولۇق بويسۇنۇش.

5 ـ چىن ئىخلاس قىلىش.

6 ـ ئىقراردا راستچىل بولۇش.

7 ـ بۇ كەلىمىگە مۇھەببەت باغلاش. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ھەق ئەلچىسىدۇردېگەن شاھادەت كەلىمىسىنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ شەرتلىرىمۇ يۇقىرىقى شەرتلەرنىڭ ئۆزىدۇر.